يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتايلى

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا

# 1900دىن ئارتۇق تېببىي خادىم بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا ئورۇنلىشىپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى چۈنشيا، چاۋ جىن، جاۋ چۈنخۇا خەۋەر قىلىدۇ: ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى زىبەك پېڭخۇانىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ دوختۇرخانىدا ھازىر تېببىي خادىملار، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى تولۇق بولۇپ، تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلالايدىكەن.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، خىزمەت ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، باشقۇرۇش سىستېمىسىنى ئىلمىي ئەلالاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز گوۋۇيۈەنىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ قوللىشىدا، دۆلەت ئىچىدىكى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىلەر ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، دوختۇرخانىنىڭ باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا قۇردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەۋزەل كۈچلىرىنى بىرتۇتاش پىلانلىدى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 24 داۋالاش ئاپپاراتى، 32 داۋالاش ئەترىتىدىن ئاجرىتىلغان 1900دىن ئارتۇق تېببىي خادىم ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىغا ئورۇنلىشىپ قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

يۇقۇم تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسى، شىنجاڭ تېببىي داشۆسى قارمىقىدىكى 1 ـ دوختۇرخانا، ئاپتونوم رايونلۇق كەسپىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى قاتارلىق 3 ـ دەرىجىلىك داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىكى تېببىي خادىملارنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇپ، زاپاس ئەترەت تەشكىللىدى، نۆۋەتتە شەخسلەرنى مۇداپىئەلىنىش بويىچە تەربىيەلەش تاماملىنىپ، ھەر ۋاقىت بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا قوبۇل قىلىپ داۋالاش ئۆلچىمى بويىچە قىسمەن ئۆزگەرتىش قىلىپ، «ئۈچ رايون، ئىككى يول» تەسىس قىلدى، ئەسلىدىكى قوبۇل قىلىپ داۋالاش كارىۋىتى ئاساسىدا كارىۋات سانىنى كۆپەيتىپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرىنى ۋاقتىدا قوبۇل قىلىپ داۋالاشقا كاپالەتلىك قىلدى.

زىبەك پېڭخۇا مۇنداق دېدى: داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى كاپالىتى جەھەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابى كۆپ تەرەپنى ماسلاشتۇرۇپ، دوختۇرخانىغا تىترەشنى توختىتىش ـ كۆزىتىش ئۈسكۈنىسىدىن 22نى، ECMO دىن تۆتنى ھەمدە نەپەسلەندۈرۈش ئاپپاراتى، بۇرۇن ئارقىلىق يۇقىرى ئېقىملىق ئوكسىگېن سۈمۈرۈش ئۈسكۈنىسى، كارىۋات بېشىدا قان تازىلاش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى زاپاس سەپلەپ بېرىپ، ھازىرقى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى. نۆۋەتتە، بۇ دوختۇرخانىنىڭ داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان مۇداپىئەلىنىش كىيىمى، ئوپېراتسىيە كىيىمى، مۇداپىئەلىنىش ماسكىسى (N95)، تاشقى كېسەللىكلەر ماسكىسى، كۆز قوغداش ئەينىكى، بىر قېتىملىق يۈز قوغداش توسۇقى قاتارلىق مۇداپىئەلىنىش ماددىي ئەشيا تەييارلىقى تولۇق.

# قارىغۇچىسى يوق ياشانغانلارنىڭ ئۆيىگە سىرداش كىچىك لابا ئورنىتىلدى

يۇقۇمغا قارشى جەڭ ھېكايىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاۋ چۈنخۇا، لى چۈنشيا

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يۇقۇم مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى 1 ـ ئاۋغۇست تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ قومۇل غەربىي يولى مەھەللىسىدىكى 82 ياشلىق ئاھالە جۇ چياۋلىڭ ئۆيىدە يالغۇز قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئەزەلدىن تۇرمۇشتىن غەم قىلىپ باقمىدى. نېمىشقا؟ چۈنكى ئۇنىڭ بىر سىرداش كىچىك لاباسى بار ئىدى.

قاراڭ، 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولاي دېگەندە، ئۇ يەنە ئاق رەڭلىك قۇتا ئۈستىدىكى قىزىل كۇنۇپكىنى باستى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئاۋاز كۈچەيتكۈچتىن ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىر جاڭ چۈنخۇانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى: «جۇ ھەدە، مەن ياردەم قىلغۇدەك نېمە ئىش بار؟»

«ماڭا ئىككى تال ۋاۋاسەي، بىر باغلام چىڭسەي ۋە بىر كىلوگرام لازا سېتىۋېلىپ ئەكىرىپ بەرگەن بولسىڭىز!» دېدى جۇ چياۋلىڭ.

«بولىدۇ، ھازىرلا يەتكۈزۈپ بېرىمەن!» تېلېفوننى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، جاڭ چۈنخۇا تېزلىكتە مەھەللىدىكى خەلققە قولاي كۆكتات بىۋاستە سېتىش نۇقتىسىغا قاراپ ماڭدى.

يۇقۇم مەزگىلىدە، قومۇل غەربىي يولى مەھەللىسىدىكى 165 مەھەللە پېدائىيسى تەۋەلىكتىكى ئون ئولتۇراق رايونىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى، يېشى چوڭ قارىغۇچىسى يوق ياشانغانلارنى قانداق قىلغاندا «قاراڭغۇ بۇلۇڭ قالدۇرماي» دەل جايىدىكى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلىگىلى بولىدۇ؟ ئۈرۈمچى شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ قومۇل غەربىي يولى مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى چېن چياڭ بۇنىڭ چارىسىنى تاپتى.

«ئىلگىرى بىز قارىغۇچىسى يوق ياشانغانلارغا توك قوڭغۇراق ئورنىتىپ بەرگەن، ياشانغانلارنىڭ ئېھتىياجى چۈشكەندە باسسىلا مەھەللە قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىيالايتتى. لېكىن ياشانغانلارنىڭ ئېھتىياجى زادى نېمە؟ جىددىي ئەھۋال بارمۇ ـ يوق؟ دېگەنلەرنى يەنە تېلېفون ئارقىلىق سۈرۈشتۈرۈش ياكى ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش ئارقىلىق بىلىشكە توغرا كېلەتتى، مۇلازىمەت ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس ئىدى» دېدى چېن چياڭ.

جۇڭگو تېلېگرافى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى بىلەن ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مەخسۇس بۇيرۇتۇلغان كىچىك لابالىق چاقىرغۇچ باتارېيە زاۋۇتى نەنيۈەن ئولتۇراق رايونىدىكى قارىغۇچىسى يوق 16 ياشانغان كىشىنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ياشانغانلارنىڭ ئېھتىياجى بىلەن مەھەللە مۇلازىمىتىنىڭ يوچۇقسىز جىپسىلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

«قاراڭ، بۇ كىچىك قۇتىنىڭ نۇرغۇن ئىقتىدارى بار!» جۇ چياۋلىڭنىڭ بارمىقىنىڭ توختىماي يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، ئاق رەڭلىك قۇتىدىكى قىزىل كۇنۇپكىلار نۆۋەت بىلەن يورۇشقا باشلىدى، بۇ، ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىرلار بىلەن ئالاقىلىشىدىغىنى، بۇ، رادىيو ئاڭلايدىغىنى، بۇ ئەڭ چوڭ كۇنۇپكا سىگنال بېرىش كۇنۇپكىسى، ئەگەر ئۆيدە يىقىلىپ چۈشسە ياكى باشقا كۈتۈلمىگەن ئەھۋالغا يولۇقسا، ئۇنى باسسىلا بولىدۇ!»

جۇ چياۋلىڭنىڭ يېنىدا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇۋاتقىنى ئۇنىڭغا تونۇش بولغان ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئالغان كادىرلا ئەمەس، قومۇل غەربىي يولى مەھەللىسىدە، يەنە 24 سائەت ئادەم نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان بىر چوڭ ئېكران بار. «ياشانغانلار سىگنال بېرىش كۇنۇپكىسىنى باسسىلا، چوڭ ئېكراندا ياشانغانلار تۇرۇشلۇق ئۆينىڭ تەپسىلىي ئورنى ھەمدە ئائىلىسىنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى كۆرۈنىدۇ، بىز ياشانغانلارنى ھەم تېز، ھەم توغرا تاپالايمىز!» چېن چياڭ مۇنداق دېدى: كېيىنكى مەزگىلدە مەھەللە يەنە مېيىپلەر، تۇغۇش ئالدىدا تۇرغان ھامىلدارلار قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەر توپىغا كىچىك لابالىق چاقىرغۇچ ئورنىتىپ بېرىپ، ئاھالىلەرگە مۇلازىمەت قىلىش خىزمىتىنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئىنچىكە ئىشلەيدۇ.

جاڭ چۈنخۇا ئەكىلىپ بەرگەن كۆكتاتلارنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، جۇ چياۋلىڭ قىزىل كۇنۇپكىنى يەنە باستى، رادىيو ئىستانسىسى ئاڭلاتقان ناخشىلار ياڭرىدى. موماي بىر تەرەپتىن غىڭشىپ ناخشا ئېيتقاچ، بىر تەرەپتىن مۇنداق دېدى: «سىرداش كىچىك لابا بولغاچقا، ئۆيدە ھېچنېمىدىن ئەندىشە قىلمايمەن!»

# بار كۈچى بىلەن جۇڭيى دورىلىرىنى تەييارلاش

سۈرەتلىك ھېكايە

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋىرى، پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شي لۇڭ فوتوسى



8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانا جۇڭيى دورىخانىسىنىڭ دورا قاينىتىش ئۆيىدە، جۇڭيى دورىگەرى ۋاڭ يىرۇي جۇڭيى دورىسى قايناتماقتا.



8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ جۇڭيى دورىخانىسىدا، جۇڭيى دورىگەرى جاڭ پېڭگې جۇڭيى دورىسى تەڭشىمەكتە.

8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش بويىچە بېكىتىلگەن دوختۇرخانىنىڭ جۇڭيى دورىخانىسىدا جيۇ ماخۇاڭ، ئۆرۈك مېغىزى، فۇلىڭ... قاتارلىق ھەر خىل پۇراقلىق جۇڭيى دورىلىرىدىن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ياخشى رېتسېپى تەييارلىنىۋاتاتتى.

سائەت 12دە، كېسەلخانا رايونىدىكى دوختۇر كومپيۇتېردا چۈشۈرۈپ بەرگەن «زاكاز»نى تاپشۇرۇۋېلىپ، تېز تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، مەسئۇل جۇڭيى دورىگەرى جاڭ پېڭگې بىلەن دورىگەر پەيزىلا قۇربان دورا تەڭشەشكە باشلىدى. دورىخانىدا دورىنى تەڭشەپ، دورا قاينىتىش ئۆيىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، چىلاش، قاينىتىش، بولۇپ قاچىلاش، ئوراپ قاچىلاش، بەلگە چاپلاش، دورىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق، ئۈچ سائەت ئىچىدە تەييار دورىلار ئىسسىق پېتى ئاغرىقلارنىڭ قولىغا يېتىپ بارىدۇ.

«پۈتكۈل جەرياندا ئىككى ئادەم سىلىشتۇرۇش تەرتىپى ئالتە قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئاغرىقلارنىڭ دەل جايىدا دورا ئىشلىتىشى، ئىچىشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن.» جاڭ پېڭگې مۇنداق دېدى: دورا قاينىتىش ئۆيىدىكى ئالتە دورا قاينىتىش ماشىنىسى ئاساسەن ھەر كۈنى سائەت 8دىن باشلاپ قايناپ، سائەت 23تە توختايدۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى جۇڭيى دورىلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇردى، جۇڭيى تېبابىتى، جۇڭيى دورىلىرى بىرىنچى ۋاقىتتا بۇ قېتىمقى قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىگە قاتناشتى، قاتنىشىش نىسبىتى 100%كە يەتتى.

«نۆۋەتتە، 400 خىلدىن ئارتۇق دورىنى سېتىۋېلىشتا شۇ كۈنى تالون چۈشۈرۈپ، شۇ كۈنى يەتكۈزۈپ، داۋالاش ئېھتىياجىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلدۇق.» جاڭ پېڭگې مۇنداق تونۇشتۇردى: جۇڭيى دورىخانىسى يەنە 300 خىلدىن ئارتۇق قاينىتىش ھاجەتسىز دانىچە جۇڭيى دورىسى تەييارلىدى، ئەگەر ئاغرىقلار دەرھال دورا ئىشلىتىشكە ئېھتىياجلىق بولسا، بۇ دانىچە دورىلارنى بەش مىنۇتتىلا تەڭشەپ بولغىلى بولىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، توشۇش كۈچى، توشۇش ئىقتىدارى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇقتىلىق مايىللاشىپ، پاختا توشۇش سالمىقىنى زورايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پاختا ئىشلەپچىقىرىلغان جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىلەن پائال ئۇدۇللىشىپ، خېرىدارلارنىڭ توشۇش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە ھەمكارلىشىپ، قىسقا ئارىلىقتا توشۇش ئاپتوموبىللىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، قىسمەن قاچىلاش ـ چۈشۈرۈش خادىملىرىنى كارخانىدا تۇرۇپ مۇلازىمەت قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، توشۇش مۇلازىمەت زەنجىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پاختا توشۇش يوللىرىنى راۋانلاشتۇردى.

جەنۇبىي شىنجاڭ دۆلىتىمىزدىكى ئاساسلىق كېۋەز تېرىلىدىغان رايون، قەشقەر يۈك توشۇش مەركىزى پاختا بازىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، چوڭ خېرىدارلارنىڭ ئىستراتېگىيەلىك كېلىشىمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ئۈچىنچى تەرەپ ئەشيا ئوبوروتى كارخانىلىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، كاسات پەسىل، ئاۋات پەسىلدە ئۆزئارا كاپالەتلىك قىلىش كېلىشىمى ئىمزالاپ، تۆمۈريولنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى قىسقا ئارىلىقتا توشۇش ھالقىسىنى قىسقارتتى ۋە تەننەرخنى تۆۋەنلەتتى.

«2 ـ ئايدىن باشلاپ، بىز 14 پاختا ئاممىۋى تەكشۈرۈش ئامبىرى بىلەن ھەرىكەت ھالىتىدە ئالاقىلىشىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، خېرىدارلار ئېھتىياجلىق بولىدىكەن، تۆمۈريول ئاۋاز قوشۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كېلىشى بىلەنلا قاچىلاشقا كاپالەتلىك قىلدۇق.» قەشقەر يۈك توشۇش مەركىزى بازار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ما جىمىننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مەركەز دەل جايىدا تەڭشەپ قوماندانلىق قىلىپ، پىلاننى ئىلتىماس قىلىش، ۋاگون زاكاز قىلىش، مال سېلىش، قۇرۇق ۋاگون سەپلەشتىكى ھەرقايسى ھالقىلارغىچە يوچۇقسىز ئۇدۇللاشتۇرۇپ، 150 نەچچە ئادەم، 50تىن ئارتۇق يۆتكەش ـ توشۇش ماشىنىسىنى مۇقىم سەپلەپ پاختا ئوراش، ۋاگونغا قاچىلاش، ھەم ئېتىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارغا مەسئۇل قىلىپ، ۋاگونغا قاچىلاش ۋاقتىنى قىسقارتىپ، يۈكنىڭ تېز قاچىلىنىپ، تېز توشۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان.